# خۇشپۇراق نەرسلەرنى ئۈچ قېتىم يۇيىۋەتكىن، چاپىنىڭنى سېلىۋەتكىن، ئۆمرە قىلغاندا ھەجدە قىلغانغا ئوخشاش پائالىيەت قىلغىن

سەپۋان ئىبنى يەئلادىن رىۋايەت قىلىنىدۇ، يەئلا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى ماڭا ئۇنىڭغا ۋەھيي چۈشۈۋاتقان ۋاقىتتا كۆرسەتكىن دېدى، راۋى دەيدۇ:
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام جەئرانە دېگەن جايدا بولغاندا ئەتراپىدا ئۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە ساھابىلار بار ئىدى، بىر ئادەم كېلىپ مۇنداق دېدى: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىر كىشى ئۆمرىگە ئېھرام كىيىپ، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلەتكەن بولسا، سىلىچە قانداق بولىدۇ؟دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەلۇم ۋاقىت جىم تۇردى، ئۇنىڭغا ۋەھيي كەلدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەئلاغا ئىشارەت قىلدى، يەئلە كەلدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر كېيىم بىلەن سايىدىتىلغان ئىدى، يەئلا كىيىمنىڭ ئىچىگە بېشىنى كىرگۈزۈپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزلىرى قىزارغان، ئېغىر تىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ۋەھيي چۈشۈپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۆمرە توغرىسىدا سورىغان كىشى قېنى؟دېدى ئۇ كىشى كەلگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «خۇشپۇراق نەرسلەرنى ئۈچ قېتىم يۇيىۋەتكىن، چاپىنىڭنى سېلىۋەتكىن، ئۆمرە قىلغاندا ھەجدە قىلغانغا ئوخشاش پائالىيەت قىلغىن» دېدى، مەن ئەتاغا: ئۇ كىشىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇشقا بۇيرىغاندا پاكىزە بولۇشنى مەقسەت قىلغانمۇ؟ دېسەم، ھەئە دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

يەئلا ئىبنى ئۈمەييە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي كەلگەندە ماڭا خەۋەر قىلغىن، مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى ۋەھيي چۈشۈۋاتقان ۋاقىتتا كۆرۈشنى ۋە ۋەھيىنىڭ قانداق چۈشىدىغانلىقىنى بىلىپ باقاي دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەككە بىلەن تائىپ ئارىسىدىكى مەككە ئەھلى ئۆمرە قىلىشنى مەقسەت قىلغاندا ئېھرام كىيىدىغان جەئرانە دېگەن جايدا تۇرغان ۋاقىتدا بىر كىشى كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن ئېھرام كىيگەنلىكىنى، كىيىمى ۋە بەدىنىگە خۇشپۇراق نەرسىلەرنى سۈرتكەنلىكىنى ئەمدى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى سورايدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام سوئالنى سورىغاندىن كېيىن دەرھال جاۋاپ بەرمەي بىرئاز جىم تۇردى، شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي نازىل بولدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەئلاغا: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ۋەھيىنىڭ قانداق چۈشىدىغانلىقىنى كۆرگىن دەپ ئىشارەت قىلدى، يەئلا كەلگەن ۋاقىتتا پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ بېشى ئۇنىڭغا سايە چۈشۈرۈش ئۈچۈن دالدا قىلغان بىر كىيىمنىڭ ئىچىدە ئىدى، يەئلا كىيىمنىڭ ئاستىدىن بېشىنى كىرگۈزدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى يۈزى قىزارغان، تىز-تىز نەپەس ئېلىپ ھاسىراۋاتقان ھالەتتە كۆردى، ئاندىن ۋەھيي ئۈزۈلدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تىنچلاندى، سوئال سورىغان ئادەمگە: «سۈرتكەن خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئۈچ قېتىم يۇيىۋېتىشنى، كىيىمى ۋە بەدىنىدىكى خۇشبۇي نەرسىلەرنىڭ قالدۇقلىرىنى چىقىرىۋېتىشنى، ئۈچىسىغا كەيگەن كىيىمىنى سېلىۋېتىشنى، ھەجدە خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىشتىن چەكلەنگەنگە ئوخشاش ئۆمرىدىمۇ شۇنداق قىلىشنى» بۇيرىدى، چۈنكى ھەج بىلەن ئۆمرىنىڭ چەكلىمىلىرى ئوخشاشتۇر

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee